# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلىغاندا تەكبىر ئېيتىپ قىرائەتنى «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين» بىلەن باشلايتتى، رۇكۇ قىلغاندا دۈمبىسىنى بەك تۆۋەنمۇ قىلماي بەك ئىگىزمۇ قىلماي ئورتىھال تۇتاتتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلىغاندا تەكبىر ئېيتىپ قىرائەتنى «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين» بىلەن باشلايتتى، رۇكۇ قىلغاندا دۈمبىسىنى بەك تۆۋەنمۇ قىلماي بەك ئىگىزمۇ قىلماي ئورتاھال تۇتاتتى، رۇكۇدىن تۇرغاندا تەمكىن تۇرۇۋېتىپ ئاندىن سەجدە قىلاتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەمكىن تۇرىۋېتىپ ئاندىن سەجدە قىلاتتى، ھەر ئىككى رەكەتتە بىر تەشەھھۇدتا ئولتۇراتتى،تەشەھھۇدتا ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ شەيتاننىڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان«ئىككى پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى يەرگە قىلىپ پۇتىنىڭ ئالقىنىدا ئولتۇرۇش» ۋە يەنە سەجدە قىلغاندا ئىككى بىلەكنى يەرگە چاپلاپ سەجدە قىلىشتىن توستى، رەسۇلۇللاھ نامازنى سالام بىرىش بىلەن تۈگىتەتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى ئۆگەتكەن ۋە تەلىم بەرگەن نوقتىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەن، رەسۇلۇللاھ نامازنى تەكبىرەتۇل ئىھرام «ئاللاھۇ ئەكبەر» بىلەن باشلايتتى، قىرائەتتىن سۈرە پاتىھەنى «ئەلھەمدۇ لىللاھ» نى باشتا ئوقۇيتتى، قىيامدىن كېيىنكى رۇكۇدا دۈمبىسىنى بەك تۆۋەنمۇ بەك ئۈستۈنمۇ قىلمايتتى، بەلكى تۈز ۋە ئوتتۇرىسدا قىلاتتى، سەجدىگە بېرىشتىن ئىلگىرى، رۇكۇدىن تۇرغاندا رۇس ۋە تىك، تەمكىن تۇراتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەمكىن ئولتۇرماي سەجدە قىلمايتتى، ھەر ئىككى رەكەتتىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا بۇ زىكرىنى دەيتتى: پۈتكۈل ئۇلۇغلاش قىلىنىدىغان بارلىق ئىبادەتلەر، ۋە بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر. تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ سول پۇتىنى يېيىپ ئۈنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، نامازدا شەيتان ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇشتىن توسقان، ئۇ بولسىمۇ، ئىككى پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى يەرگە قىلىپ، پۇتىنىڭ ئالقىنى ۋە تاپىنىدا ئولتۇرۇش، ياكى ئىككى پۇتىنى تىكلەپ كاسىنى يەرگە چاپلاپ ئولتۇرۇش. يەنە نامازخاننى ئىككى بىلىكىنى خۇددى يىرتقۇچلار يەرگە چاپلىغاندەك چاپلاپ سەجدە قىلىشتىن توسقان. ناماز ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە بۈيۈك بىلىش بىلەن باشلىنىپ، پەرىشتىلەرگە، ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋە بارلىق تەقۋادار مۇسۇلمانلارغا، ئىلگىرى ۋە كېيىنكىلەرگە سالام بىرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، نامازخان كۆپچىلىككە قىلىنغان بۇ دۇئانى مۇلاھىزە قىلىش كېرەك

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10906